# ياۋروپا
# شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى















**OSTTURKISTANISCHE UNION IN EUROPA e.v.**

**THE EASTERN TURKESTANI UNION IN EUROPE**

1995 - يىل ئۆكتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ۋەتەنداشلارغا سالام !

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ ياۋروپادىكى بارلىق ئەزالىرى، قولىڭىزلاردىكى ئۇشبۇ ژورنال ۋاستىسى ئارقىلىق، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا بولغان يالقۇنلۇق سالامىنى يوللايدۇ ! شۇنداقلا، ئانا ۋەتەنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق داۋاسى ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان بارلىق مۇجاھىتلىرىمىزغا، تەشكىلاتلىرىمىزغا بولغان ئالىي ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىدۇ ! ۋەتەن ـ مىللەت يولىدا شېھىت بولغان ھەم خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زىندانلىرىدا قىلىچە تىز پۈكمەي ھالا مۇجادىلە قىلىۋاتقان باتۇر ـ ئەزىمەتلىرىمىزنى كېچە ـ كۈندۈز قايغۇ ئىچىدە ياد ئېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا جانابى ئاللاھتىن بەخت ـ سائادەت تىلەيدۇ !

گېرمانىيەنى مەركەز قىلغان پۈتۈن ياۋروپا مىقياسىدا جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن سىزلەرنى خەۋەردار قىلىش نىيىتىدە، قولىڭىزلاردىكى ئۇشبۇ ژورنالنى نەشىر قىلىپ تارقاتتۇق. بۇ رەسىملىك ژورنالغا، مۇجاھىد ئەركىن ئالىپتېكىن رەھبەرلىكىدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» قۇرۇلغاندىن بۇيان غەرب دۇنياسىدا ئېلىپ بارغان سىياسىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قىسقىچە كىرگۈزۈلدى. «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» بارلىق مۇجاھىتلىرىمىزدىن ۋە تەشكىلاتلىرىمىزدىن، بىزنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز ھەققىدە قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېرىشىنى، شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى غەرب دۇنياسىدا تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىنى سەمىمىي ئارزۇ قىلىدۇ !


ھۆرمەت بىلەن:

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»

(گېرمانىيە ـــ ميۇنخېن)

(1995 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىر)

هۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، مەركىزى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە بولغان «ياۋروپا شەرقىي توركىستان بىرلىكى»، ۋە ۋەتەن سىرتىدىكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئىچىدە ۋەتەن داۋاسىنى غەربىي سىياسىي سەھنىسىگە ئەڭ بۇرۇن كۆتۈرۈپ چىققان ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ خىتايغا تەسىر كۆرسۈتەلەيدىغان غەربىي ئەللىرىدە ئومومى يۈزلۈك قانات يېيىش ئۈچۈن خېلى مۇكەممەل زېمىن ھازىرلىغان بىردىن - بىر سىياسىي تەشكىلاتتىن ئىبارەت.



يىللاردىن بېرى، ياۋروپا قىتئەسىدە ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» دىن ئىبارەت بۇ سىياسىي قورغاننىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بۈگۈن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ جىددى ئاتسىملاتسىيەسى نەتىجىسىدە تارىخ سەھنىسىدىن تامامەن يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى قان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمەكتە.





شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈزۈل - كېسىل مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساسىي غايە قىلغان بۇ تەشكىلات، مۇجاھىت ئەركىن ئالىپتېكىننىڭ رەھبەرلىكىدە، تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە غەرب ئۇسلۇبىغا ماس ھالدا، مىللىي داۋانى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، «تىبەت - شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئىتتىپاقى»، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىللىك بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ لېنىيە بويىچە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇردى.

تۆۋەندە سىلەرگە، يۇقارقى ئۈچ لىنىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قىسقىچە خەۋەردار قىلىمىز:




## «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»

ياۋروپا قىتئەسىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرقەدەر زىچ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون — گېرمانىيەنىڭ مەشھۇر قەدىمىي شەھىرى ميۇنخېندىن ئىبارەت. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ گېرمانىيەگە ئولتۇراقلىشىشى ئاساسەن 60 - ۋە 70 - يىللاردا باشلانغان بولۇپ، ھازىر ئۇلارنىڭ سانى پەيدىن - پەي كۆپىيىپ، پۈتۈن ياۋروپادىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار سانىنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ غەرىبكە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرى خىلمۇ - خىل بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساسىي غايىسى ئاناۋەتەنىدە كوممۇنىست خىتاي زۇلمى ئاستىدا جان تالىشىۋاتقان خەلقىنىڭ ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تېخىمۇ لايىقىدا ئاڭلىتىش ۋە دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلىۋاتقان بۇ ئەسىر مىللەتنى تونۇتۇش ئىدى. ئەنە شۇ ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىگە پۈككەن قېرىنداشلىرىمىز، غەرب دۇنياسىنىڭ راھەت - پاراغىتىگە غەرق بولماي، مىللىي غۇرۇرىنى، ۋىجدانىنى ۋە ئىمانىنى يوقاتماي، ئۆزلىرىدىن چەكسىز يىراق مۇساپىدىكى خەلقىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىگە تەڭ ئورتاق بولۇپ كەلدى.






ياۋروپادا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز دەسلەپكى قەدەمدە، مەشھۇر مۇجاھىد ئەركىن ئالىپتېكىننى مەركەز قىلغان ھالدا، زور ماددى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شەرقىي تۇركىستان داۋاسىنىڭ قىلچە تەسىر دائىرىسى بولمىغان غەربىي دۇنياسىدا ئىشنى نۆلدىن باشلاپ، ئۈزلۈكسىز تىرىشىش، تىرمىشىش ئارقىلىق، مەلۇم مۇددەت ئىچىدە غەربىي دۇنياسىدا شەرقىي تۇركىستان داۋاسىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى ياراتتى.




ياۋروپادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۇركىستانلىق قېرىنداشلار، ۋەتەن داۋاسىنى يەنىمۇ مۇنتىزىم ۋە ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، 1990 - يىلى 17 - يانۋار گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھرىدە تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان «ياۋروپا شەرقىي تۇركىستان مەدەنىيەت ۋە ياردەملىشىش ئۇيۇشمىسى» نى قۇرۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ نامى ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىدى، پائالىيەت دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، 1993 - يىلى بۇ تەشكىلاتنىڭ نامى «ياۋروپا شەرقىي تۇركىستان بىرلىكى» كە ئۆزگەرتىلدى، شەرقىي تۇركىستان مىللىي داۋا سېپىدىكى پىشقان سىياسىيون ۋە دىپلومات ئەركىن ئالىپتېكىن بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىنى، سىياسىي پائالىيەتچىلىرىمىزدىن ئەنۋەر جان مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى، ئۆمەر قانات باش كاتىپلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە.

www.uyghurkitap.com



«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ياۋروپادا ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلغان ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلگەن قوش ئايلىق بىر خەۋەرنامە تەسىس قىلىپ، ئۇنى نېمىسچە، ئەنگلىزچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە تىللاردا نەشر قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقاتماقتا.



تەشكىلات ۋە تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، پۈتۈن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە قىزىقىدىغان، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان دۆلەت ۋە تەشكىلاتلار بارغانسىرى كۆپەيدى، ياۋروپادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ۋە ئامېرىكىدا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى تەشۋىق قىلىدىغان خەلق گۇرۇپپىلىرى ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇش جەھەتلەردە ئاكتىپ تۈردە ياردەم بەرمەكتە.

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، غەربتىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرى ۋە شۇ پارلامېنتلار تەركىبىدىكى كىشىلىك ھوقوق كومىتېتلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىپ، ئۇلاردىن شەرقىي تۈركىستانغا مەخسۇس ھەيئەت ئەۋەتىپ، ئۇ يەرنىڭ كىشىلىك ھوقوق مەسىلىسىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ چىقىشنى ۋە بۇ مەسىلىگە ئائىت مەخسۇس دوكلات ھازىرلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرى بۇ تەكلىپلەرگە ماقۇل بولدى ھەمدە ئېنىق ۋەدە بەردى.

ئەنگلىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقوق كومىتېتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كىشىلىك ھوقوق مەسىلىسىگە ئائىت مەخسۇس بىر دوكلات ھازىرلاپ تارقاتتى ۋە بۇ دوكلاتنى خىتاينىڭ ئەنگلىيەدىكى باش ئەلچىسى مايۇخەن ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىگە سۇندى.

ئاۋۇسترالىيە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى شەرقىي تۈركىستانغا 9 كىشىلىك بىر ھەيئەت ئەۋەتتى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئەتراپلىق تەكشۈردى. «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» دىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىي مەھبۇسلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى توغرىسىدا بىر مەخسۇس دوكلات تەييارلاشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، 1993 - يىلى 13 - دېكابىر بۇ تەشكىلات شۇ مەزمۇنلاردا مەخسۇس دوكلات تەييارلاپ، پۈتۈن دۇنياغا ئاشكارە تارقاتتى، دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرى بۇ دوكلاتنىڭ مەزمۇنىنى بەس - بەستە خەۋەر قىلىشتى. «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» يەنە، دۇنيا يېشىلتېنچلىق تەشكىلاتى بىلەن زىچ ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېكلوگىيىلىك ۋەزىيىتى ھەققىدە بىر پارچە بايانات تەييارلاشنى تەكلىپ قىلغانىدى، يېشىلتېنچلىق تەشكىلاتى بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.



ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەركىن ئالپتېكىن رىياسەتچىلىكىدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ھازىر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى غەربتىكى كۆپلىگەن خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتلىرىنىڭ ۋە پارلامېنتلارنىڭ خىزمەت كۈن تەرتىۋگە كىردى. خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» رەھبەرلىرىنىڭ تۈرلۈك موھىم خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتنىشىشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت ھازىرلاندى. ھازىرغا قەدەر تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاسىيا قىتئەلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 50 قېتىمدىن ئارتۇق موھىم خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتنىشىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئاڭلاتتى. بۇندىن باشقا «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» يەنە، سىياسىي يىغىن چاقىرىش، نامايىش قىلىش، سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق خىلمۇ - خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، سىياسىي پائالىيەت دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى.

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ھەر قېتىم خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى گېرمانىيەنى زىيارەت قىلغاندا دەرھال تەشكىللىنىپ نارازىلىق نامايىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملىرى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلدى، مەسىلەن، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى، دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن، خىتاي باش مىنىستىرى لى پېڭ، كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى سىياسىي بىروسىنىڭ دائىمى ئەزاسى چياۋشى قاتارلىق خىتاينىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك




(سۈرەتتە: لى پېڭغا قارشى نامايىشتىن كۆرۈنۈشلەر)

ئەمەلدارلىرى گېرمانىيەگە زىيارەتكە كەلگەندە، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» رەھبەرلىرى دەرھال بىرلىك ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، خىتاي ئەمەلدارلىرى چۈشكەن مېھمانخانا ۋە يىغىن زاللىرىنىڭ ئالدىدا خىتايغا قارشى تۈرلۈك لوزۇنكا ۋە تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ نارازىلىق نامايىشلىرىنى ئۆتكۈزدى.














سۈرەتتە: ميۇنخىن شەھرىنىڭ شەھەر باشلىقى كىرىستىيان ئۇدى لى پىگىغا قارشى نامايىش سېپىدە شەرقىي تۈركستانلىقلار بىلەن بىرگە

«بۇ كۆك بايراق بىزنىڭ !!!»














هەممىدىن كىشىنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغايدىغىنى شۇ بولدىكى، 1995 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، چەتئەللەردە كوممۇنىستىك خىتايغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان چەتئەللەردىكى «خىتاي دېموكراتىك مىللىي بىرلىك سېپى» نىڭ گېرمانىيە شۆبىسى، كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ 1989 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلار دېموكراتىك هەركىتىنى قانلىق باستۇرغانلىقىنىڭ ئالتە يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاينىڭ گېرمانىيەنىڭ بون شەھىرىدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نى ۋە تىبەت تەشكىلاتلىرىنى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» رەھبەرلىك ھەيئىتى ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، دېموكراتىك خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇسىغا ھۆرمەت










قىلىش شەرتى ئاستىدا بۇ قېتىمقى بىرلەشمە نامايىشقا قاتنىششنى ھەمدە، نامايىش جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللى مۇستەقىللىقىنىڭ سىموۋۇلى بولغان ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىشنى قارار قىلدى.

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق تەشكىلات ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئالاھىدە بون شەھىرىگە بېرىپ، خىتاينىڭ باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا دېموكراتىك خىتايلار ۋە تىبەت تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرگە نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىش جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستانلىقلار پۈتۈنلەي مىللىچە ئەنئەنىۋى كىيىملەرنى كىيىپ، ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرىدۇ!»، «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتوم سىناقلىرى دەرھال توختىتىلسۇن!»، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىي تۇتقۇنلار دەرھال قويۇپ بېرىلسۇن!»، «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقوقىغا ۋە دېموكراتىيە ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىنسۇن!» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن چوڭ لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. تەشكىلات ئەزالىرى قاتتىق ئىنتىزامچان بولۇپ، بىرلەشمە نامايىشقا قاتناشقان دېموكراتىك خىتايلار بىلەن ھېچقانداق دىيالوگ قۇرماي، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پەقەتلا تەل - تۆكۈس مىللى مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى نامايەن قىلدى ھەمدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللى زۇلۇملار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نېمىسچە، ئەنگلىسچە تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى نەق مەيداندىكى يەرلىك ئاممىغا تارقىتىپ بەردى.











نامايىش جەريانىدا، كۆپلىگەن دېموكراتىك خىتايلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە مىللىي مۇستەقىللىققە ئېرىشىش ئارزۇلىرىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، خېلى كۆپ ساندىكى دېموكراتىك خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئوچۇق - ئاشكارە قوللاپ، بىزنىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى ۋە مىللىي مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىنغان لوزۇنكىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ، خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشتى ھەمدە، نامايىش سېپىمىزگە قوشۇلۇپ بىزگە مەدەت بەردى، بۇ ھال، خىتاي ئەلچىخانىسىدىكىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى ھەمدە، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقىنى يالغۇز شەرقىي تۈركىستان خەلقىلا ئەمەس، ھەتتا خىتاي خەلقىنىڭ ئۆزىمۇ ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى نامايەن قىلدى. شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇجادىلە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان بۇ بىرلەشمە نامايىش ـ مىللىي مۇتەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان ئاساستا، دېموكراتىك خىتايلاردىن ئۇنۇملۇك






پايدىلىنىشنىڭ مىللىي داۋايىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. چۈنكى، بۇ قېتىمقى نامايىشتا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تاكتىكا ئىشلىتىپ، پۈتۈن بىرلەشمە نامايىشنىڭ خارەكتېرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىدىغان نامايىشقا ئايلاندۇردى. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى نامايىشتىن كېيىن، دېموكراتىك خىتايلارنى، «ئىنجاغلىق بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا يانتاياق بولدى» دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن.



سۈرەتتە:

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن، قازاقىستان سەپىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «دۆۋلەتلەر ئارا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى بىلەن بىرلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھەققىدە پۇروتوكول ئىمزالىماقتا.

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى تاشقى دۇنياغا ئاڭلىتىش بىلەن بىرگە، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا مۇجادىلە ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرقايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىپ، مىللىي داۋانى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، بىرلىك رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بىر قانچە قېتىم بېرىپ، ئۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي



سۈرەتتە:

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدە، قازاقىستاندىكى «دۆۋلەتلەر ئارا ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن بىرگە.

www.uyghurkitap.com



تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە يەرلىك ئامما بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن مىللىي داۋانى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىرلەشتى ھەمدە، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي داۋانىڭ تەسىر دائىرىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئەڭ چوڭ تەشكىلات «دۆۋلەتلەر ئارا ئۇيغۇر ئىتىپاقى» بىلەن پۇروتوكول ئىمزالاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ياۋروپادىكى مىللىي كۈرەشنى ئۆز`ئارا بىرلەشتۈرۈش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالدى.



سۈرەتتە: «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەنۋەر جان قىرغىزىستان سەپىرىدە شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلار بىلەن بىرگە.

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» رەھبەرلىك ھەيئىتى، مىللىي داۋانى غەرب ئېلىگە ئېلىپ كىرىش ۋە ئۇسلۇبىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ھەمدە، تۈركىستانلىقلار توپلانغان ھەرقانداق سورۇنلاردا ئۇلارغا خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىپ كەلدى. ھازىر « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ئەزالىرى ئارىسىدا، ئەنگلىزچە، نېمىسچە، فىرانسۇسچە، رۇسچە، خىتايچە، ئەرەبچە، تۈركچە (تۈركىيە تۈركچىسى) فارىسچە، ئوردۇچە، گوللاندىيەچە، تىللارنى پۇختا بىلىدىغان، دىن، تارىخ، ئەدەبىيات، ئىختىسات، سەنئەت، دىپلوماتىيە، خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەردە خېلى مۇكەممەل يېتىشىپ چىققان بىر تۈركۈم ئىختىدارلىق ياشلار بارلىققا كەلدى ھەمدە مىللىي داۋانىڭ تايانچ كۈچلىرىگە ئايلاندى.



سۈرەتتە: «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ باش كاتىۋى ئۆمەر قانات گوللاندىيە سەپىرىدە، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى تەنزىن تېتوك بىلەن بىرگە.

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نى مەركەز قىلغان ياۋروپادىكى ۋەتەنداشلىرىمىز ئۆز ئارا ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇپ، ئۆزئارا قوللايدىغان، بىر ـ بىرىگە يار يۆلەكتە بولىدىغان، ۋەتەن ـ مىللەت ئىشى ئۈچۈن بىرياقىدىن باش چىقىرىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ساقلاپ كەلمەكتە، بۇ سەۋەپتىن، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ئىقتىسادىي جەھەتتە ھېچقانداق ئورۇن ۋە تەشكىلاتقا تايانماي، مۇستەقىل ھالدا پۈتۈنلەي ئۆز ـ ئۆزىنى قامداپ كەلمەكتە.



«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ئەزالىرىنىڭ مەدىنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدىن بىر كۆرۈنۈش.

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تېخىمۇ لايىقىدا تونۇتۇش، شۇنداقلا تەشكىلات ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ۋە دوستلۇقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش مەقسىدىدە، 1995 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا «شەرقىي تۈركىستان پۇتبول كوماندىسى» نى قۇرۇپ، ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم مەشق قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى ۋە ئارىلاپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەھەللە كوماندىلىرى بىلەن دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ تۇردى، ھازىر، «شەرقىي تۈركىستان پۇتبول كوماندىسى» نىڭ مۇقىم 20 ئەزاسى بار، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەنۋەر جان بۇ پۇتبول كوماندىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇزۇن يىللار بۇرۇن قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان سەنئەت گۇرۇپپىسى» مۇ، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.




سۈرەتتە: «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى. (گېرمانىيە ـ ميۇنخېن)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»
## سەنئەت ئۆمىگىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر











# «كوممۇنىست خىتاينىڭ بارىن قىرغىنچىلىقىغا قارشى نامايىشتىن كۆرۈنۈشلەر»












1990 - يىلى 4 - ئايدا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ گېرمانىيەدىكى بىرقىسىم ئەزالىرى، گېرمانىيەنىڭ بون شەھىرىدىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان نىڭ بارىن يېزىسىدا ئېلىپ بارغان قانلىق قىرغىنچىلىقىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش ئۆتكۈزدى ھەمدە، نامايىش ئاخىرىدا، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلار نامىدىن خىتاي باش ئەلچىسىگە نارازىلىق خېتى تاپشۇردى، شۇنداقلا، ماتەم ۋە نارازىلىقنىڭ سىموۋۇلى بولغان قارا گۈلچەمبىرەكنى ئەلچىخانا ئالدىغا قويۇپ قويدى.

www.uyghurkitap.com







گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخىن شەھرىدە ياشاۋاتقان داڭلىق رەسسام ئابلەت مەمەت ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەتەن سۆيەر سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بىرى، ئۇ كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىشلىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق، غەرب سەۋىيىسىگە ۋە ئۇسلۇبىغا ماسلاشقان مۇكەممەل نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئۇزاقتىكى ئانا ۋەتىنى ۋە خەلقىنى جانلىق ئوبرازلىق رەسىملىرى ئارقىلىق گېرمانىيەنى مەركەز قىلغان ياۋروپا خەلقىغە لايىقىدا تونۇتۇپ كەلمەكتە. ھازىرغا قەدەر ئۇ گېرمانىيە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدە 4 قېتىم ماي بوياق رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى، ھەر قېتىملىق رەسىم كۆرگەزمىسىگە 50 پارچىدىن ئارتۇق نادىر ئەسىرى قويۇلدى. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى جانلىق، تەسىرلىك، ئوبرازلىق بولغىنى ئۈچۈن، ياۋروپادىكى كۆپلىگەن مۇتەخەسسىلەرنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئابلەت مەمەت سىزغان رەسىملەردە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى ناھايىتى روشەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، غەرب ئەللىرىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چۈشىنىشىدە پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.



«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» دىنى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇجېلىل قارىقاش ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋەتەن، مىللەت ئىشىغا ئاتاپ كەلگەن تەقۋادار دىنى زاتلىرىمىزنىڭ بىرى.

ئابدۇجېلىل قارىقاش گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان 8 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئېلېكترونلۇق مېڭە سىستېمىسىنى ئۆزلۈكىدىن ئىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھازىر تۈرلۈك زامانىۋى مۇرەككەپ پروگراممىلارنى ئۆزى مۇستەقىل تۈزەلەيدىغان سەۋىيەگە يەتتى ۋە يەتتە خىل ئۇيغۇرچە ھەرىپ نۇسخىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئېلېكترونلۇق مېڭە سىستېمىسىغا كىرگۈزدى. ھازىرغا قەدەر ئۇ، «جاۋامىئۇل كەلىم»، «لوقمان ھەكىمنىڭ يۈز نەسىھىتى»، «ھەج رەھبىرى»، «تامچە» قاتارلىق كىتاب - ژۇرناللارنى بېسىپ تارقاتتى.

# شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئىتتىپاقى

«شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئىتتىپاقى» ـ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى غەربىي دۇنياسىغا تونۇتۇشتا يېتەكچى رول ئويناۋاتقان مۇھىم خەلقئارالىق تەشكىلات، شۇنداقلا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ موھىم تەركىۋى قىسمى. ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقدا باشتىن ـ ئاخىر شەرقىي



سۈرەتتە: دالاي لاما گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخىن شەھرىدە «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالىپتېكىنگە، تىبەتلىكلەرنىڭ دوستلۇق سىموۋۇلى بولغان «خادا» (ئاق شارپا) تەغدىم قىلماقتا.




سۈرەتتە: دالاي لاما، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ بىرقىسىم ئەزالىرى بىلەن گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخىن شەھرىدە بىرگە.

www.uyghurkitap.com











تۈركىستان تەرەپنىڭ باش ۋەكىللىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، كۆپ يىللاردىن بۇيان غەرب دۇنياسىدا خىتايغا قارشى مۇجادىلە ئېلىپ بېرىۋاتقان تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى خۇددى تىبەت داۋاسىغا ئوخشاش زور تەسىرچانلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى.

«شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئىتتىپاقى» نى قۇرۇش پىكرى 60 - يىللاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، 1960 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەشھۇر لىدەرلىرىدىن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىنلەر ھىندىستاندا تىبەت خەلقىنىڭ دىنى ۋە سىياسىي داھىسى دالاي لاما بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىنى قۇرۇش پىكرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇزۇن يىل پۇختا تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، 1985 - يىلى شۋېتسارىيەنىڭ زۈرىك شەھرىدە «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئىتتىپاقى» رەسمىي قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى.

ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىنى قۇرۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەپلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى: بىرىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى تارىختىن بۇيان ئۆزئارا مۇناسىۋەت قۇرۇپ، ياخشى خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى.



سۈرەتتە: «ياۋروپا شەرقي تۈركستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالىپتېكىن تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كالون تاشى ۋاڭدى بىلەن بىرگە ئۈچ تەرەپ يىغىنىدا

ئىككىنچىدىن، بۇ مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى تەغدىرى ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسىلا كوممۇنىست خىتاينىڭ مۇتەمەلىكىسى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان ئەسىر مىللەتلەر ئىدى. دىنى ۋە ئېتنىك جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرىقلىق بولغان بۇ مىللەتلەرنىڭ مىللى زولۇمغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇشى، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە بىر ياخشى ئۈلگە ياراتتى ھەمدە، دىنى ئېتىقاتى ۋە مىللى ئۆرپ - ئادەتلىرى تامامەن پەرىقلىق بولغان مىللەتلەرنىڭمۇ ئوخشاش دۈشمەن ئالدىدا ئۆزئارا بىرلىشەلەيدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم تولۇق ئىسپاتلاندى.



ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تىبەتلىكلەرنىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممىلا دۆلەتلىرىدە دىگۇدەك مەخسۇس ۋەكىللىرى بار. يىللاردىن بېرى، ۋەتەن سىرتىدا مۇجادىلە ئېلىپ بېرىۋاتقان تىبەت تەشكىلاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللى داۋاسىنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، شەرقي تۈركستان داۋاسىنى تونۇتۇش ئۈچۈن دوست - چەۋرە توپلاش ۋە «ياۋروپا شەرقي تۈركستان بىرلىكى» تەرىپىدىن ھازىرلانغان تۈرلۈك ماتىرىياللارنى تارقىتىش جەھەتلەردە زور كۈچ سەرىپ قىلماقتا. ھازىر تىبەتلىكلەرنىڭ دۇنيادىكى تۈرلۈك تىللاردا نەشر قىلىنىۋاتقان 40 خىلدىن ئارتۇق سىياسىي ژورنىلى بار بولۇپ، بۇ ژورناللار، «ياۋروپا شەرقي تۈركستان بىرلىكى» تەرىپىدىن ھازىرلانغان «شەرقي تۈركستان خەۋەرنامىسى» دىكى ماقالىلارنى تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىپ بېسىپ تارقاتماقتا.



سۈرەتتە: شەرقي تۈركستان ۋە تىبەت ۋەكىللىرى ئۆزئارا سوھبەتتە



سۈرەتتە: تەغلىرداشلار بىرئارىدا


تىبەتلىكلەرنىڭ دىنى ۋە سىياسىي داھىسى دالاي لاما دۇنيانى ساياھەت قىلغاندا، كۆرۈشكەن دۆلەت ئەرباپلىرىغا ۋە مۇخبىرلارغا يالغۇز تىبەت داۋاسىنىلا ئاڭلىتىپ قالماي، بەلكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنىمۇ لايىقىدا ئاڭلىتىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، دالاي لاما ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى بىل. كېلىنتون بىلەن كۆرۈشكەندە، كېلىنتونغا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن جىددى ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي كۆچمىنى يۆتكەش سىياستى ھەققىدە ھازىرلانغان بىر پارچە مەخسۇس دوكلاتنى سۇندى.

1993 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - ۋە 21 - كۈنلىرى، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى ۋە پۈتۈن يىغىن خىراجەتلىرىنى قامدىشى بىلەن بىلەن، گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدە، «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى مۇڭغولىيە خەلقلىرى ئىتپاقى» نىڭ 4 - نۆۋەتلىك چوڭ يىغىنى چاقىرىلدى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەقسىدى، ئۈچ تەرەپ خەلقلىرىنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى باياناممىسىنىڭ روھى بويىچە، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش ۋە مىللى مۇستەقىللىق قەدىمىنى تىزلىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.





بۇ قېتىمقى يىغىنغا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالىپتېكىن باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى، دالاي لاما سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كالۇن تاشى ۋاڭدى باشچىلىقىدىكى تىبەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ئىچكى موڭغولىيە مىللى ئازاتلىق فورونتىنىڭ باشلىقى تەمسىل چىلتو باشچىلىقىدىكى ئىچكى موڭغولىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتناشتى.







سۈرەتتە: شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتلىك قېرىنداشلار گىرمانىيەنىڭ مىيۇنخىن شەھرىدە ئۆزئارا ئۇچراشتى

بۇ قېتىمقى يىغىندا، دالاي لاما بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1958 ـ يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئىتتىپاقى» نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنىدىن بۇيانقى پائالىيەتلىرى خۇلاسىلەندى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلەندى، دەۋر روھىغا ئاساسەن، ئەينى چاغدا تۈزۈلگەن نىزامنامىگە تۈزۈتۈش كىرگۈزۈلدى ھەمدە يېڭىدىن تۈزۈلگەن نىزامنامە ئۈچ تەرەپنىڭ بىردەك ئاۋاز قوشۇشى بىلەن ماقۇللاندى.



يىغىن مەزگىلىدە، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي كۆرەشلىرى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇلدى، شۇنداقلا، بۇ قېتىنقى يىغىندا، بۇندىن كېيىن ئۈچ تەرەپنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ماس قەدەمدە ھەركەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، يېڭى رەھبەرلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. دىموكراتىك سايلام ئارقىلىق تىبەت تەرەپتىن كالونتاشى ۋاڭدى ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىكىگە، شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن نۇرمۇھەممەت كەنجى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.



ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىغا، شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن ئەركىن ئالپتېكىن ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئىچكى موڭغۇلىيە تەرەپتىن نارانبىك مۇئاۋىن رەئىسلىككە، تىبەت تەرەپتىن گىيالتىسىن گىيالتاگ ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاندى.

ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىدا، شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن ئەنۋەرجان، ئەسقەرجان، سالىخ ئاتۇش، مۇھەممەت رىزا بېكىن، قەھرىمان غوجامبەردى، دوكتۇر مۇھابباي ئەنگىن، ئەسقەر ئەركىن، ئۆمەر قانات، كامىل ئابباس قاتارلىقلار بار. ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە، شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن رەئىسلىككە، زىيا سەمەدى، ھاشىر ۋاھىدى، يۈسۈپبەگ موخلىس، سېيىتجان سېيىتسېۋ، مۇزەپپەر قۇربان، ھۈسەيىن قارى ئىسلامى، ئابدۇۋېلى جان، ئەخمەت ئىگەمبەردى، غۇلامىدىن پاختا، ئابدۇ قادىر ئەخمەتلەر سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى. ئۈچ تەرەپنىڭ بىردەك ماقۇللىقى بىلەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى دوكتۇر مىخائىل ۋانۋولت. پىراز (گوللاندىيەلىك) ئۈچ تەرەپ بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە سايلاندى.




«شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزالىرى مىيۇنخېندا ئۆزئارا سۆھبەتتە



«شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى ئىتتىپاقى» ۋەكىللىرى گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

www.uyghurkitap.com







بۇ قېتىمقى يىغىندا ئۈچ تەرەپ، خەلقئارادىكى ھەرقانداق سورۇندا ئۈچ تەرەپنىڭ داۋاسىنى ئورتاق تىلغا ئېلىش ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كەلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە «ميۇنخېن خىتاپنامىسى» ئېلان قىلىندى. يىغىندا، ھەر ئىككى يىلدا بىرقېتىم بىرلەشمە كومىتېتى يىغىنىنى ئېچىش، يىلدا بىرقېتىم ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنىنى ئېچىش قارار قىلىندى. شۇنداقلا، رادىيو، گېزىت، تېلېۋىزىيەدىن ئىبارەت تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ تەرەپنىڭ داۋاسىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش قارار قىلىندى. يىغىندىن كېيىن، ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقى ئامېرىكا پىرېزىدېنتى كىلىنتونغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنى ئاسارەت ئىچىدىكى بۇ مىللەتلەرنىڭ ھەققانى كۈرەشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە دەۋەت قىلدى.

يىغىن كومىتېتى يەنە بارلىق غەربىي ئەللىرىگە، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىگە ۋە ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە خەت - ئالاقە يوللاپ، بۇ مىللەتلەرنى بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدى ھەمدە، خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى تەھدىدىنى ئاڭلاتتى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىنتايىن دوستلۇق كەيپىياتىدا ئۆتتى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا، پۈتۈن دۇنياغا، «ميۇنخېن خىتاپنامىسى» ئېلان قىلىندى.

## «ميۇنخېن خىتاپنامىسى»

شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئىتتىپاقى ـ بۇ خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشىنىڭ فۇرونتى. بۇ تەشكىلات، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىدا كۆرسىتىلگەن كىشىلىك ھوقۇق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزتەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پىرىنسىپلىرىغا ۋە بۇ جەھەتتىكى بارلىق خەلقئارالىق ھۆججەتلەرگە ھەمدە دىموكراتىيەگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

بىرلەشمە كومىتېت، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئارىسىدىكى تارىخى ۋە مەدەنى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇستەھكەملىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا بىرلىكتە تارتقان زۇلۇم ۋە ئىسكەنجە نەتىجىسىدە، بۇ خەلقلەر ئارىسىدا كۈچلۈك بىر ئىتتىپاقلىقنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ۋە بۇ خەلقلەرنىڭ ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە بولغان ئورتاق ئارزۇسىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى جاكارلايدۇ!

شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى، بۇ مۇقەددەس ئارزۇ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تارىخىي پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرلىك ئىتىپاقلىق روھى بىلەن ھەركەت ئېلىپ بېرىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەشلىرىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بىرلەشمە كومىتېت، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئۆزئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋە باشقا شەكىلدىكى ھەمكارلىق ئورگىنىنى قۇرۇپ چىقىشنى زۆرۈر دەپ ھېساپلايدۇ، بۇ خىل ھەمكارلىق، يىراق كەلگۈسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ رايونلارنىڭ تېنچلىق، مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بۇ خىل شەكىلدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ۋە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، مەخسۇس بىر ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

بىرلەشمە كومىتېت، لوپنۇردىكى ئاتوم يادرو سىناقلىرى، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە تۇپراقلىرىغا كۆمۈلىۋاتقان يادرو قالدۇقلىرى، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ تالان - تاراج قىلىنىشى تۈپەيلىدىن كېلىدىغان - كۈنگە ئېشىۋاتقان مۇھىت تەھدىتىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ، شۇنداقلا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى يالغۇز بۇ بىرلەشمە كومىتېتقا ئەزا مىللەتلەرگىلا ئەمەس، بەلكى باشقا دۆۋلەت ۋە مىللەتلەرگە، جۈملىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى، پاكىستان، ئافغانىستان ۋە ھىندىستان يېرىم ئارىلىغىمۇ تەھدىت دەپ ھېساپلايدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس يۆتكەش ۋە تۇغۇت چەكلەش ئارقىلىق يۈرگۈزىۋاتقان ئاسسىمىلاتسىيە سىياستى، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنى ئۆز ۋەتەنلىرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ سىياسەتلىرىنى، بىز ئۈچ تەرەپ خەلقلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوق قىلىش سىياستى، دەپ قارايدۇ!

شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ كۈرىشى، مىللىي ئازاتلىق ۋە دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ئېتىبارىنى، خەلقئارا تەسىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۆز تەشۋىقاتلىرىدا ئىلگىرى سۈرگىنىدەك، كونا ھاكىمىيەت تۈزۈملىرىنى قايتىدىن بەرپا قىلىش ۋە پادىشالىق، شۇنداقلا، فوندامېنتالىست ھاكىمىيەت قۇرۇشنى قەتئىي مەقسەت قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بىرلەشمە كومىتېت، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ تېنچلىق يولى بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن قىلغان ھەققانى كۈرىشنى ھىمايە قىلىشقا ۋە قوللاشقا دەۋەت قىلىدۇ، شۇنداقلا، خىتاي دېموكراتلىرىنى كەلگۈسىدە دوستلۇق ۋە ھەمكارلىشىشنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھوقوقىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇ خەلقلەرنىڭ كۈرىشنى قوللاپ - قۇۋەتلەشكە چاقىرىدۇ!


«شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى»

(1993 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى. ميۇنخېن)

www.uyghurkitap.com



1994 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە، ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدىكى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدە، «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس خەلقئارالىق چوڭ يىغىن ئېچىلدى، «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئىتتىپاقى» نىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن چاقىرىلغان بۇ قېتىمقى خەلقئارالىق يىغىنغا، ئۈچ تەرەپ ۋەكىللىرىدىن سىرت، كۆپ ساندا ئامېرىكا كوڭگرە ئەزالىرى، دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى، ئامېرىكىلىق ئالىملار ۋە سىياسىيونلار، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.







شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى ئارىسىدا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن، باش كاتىۋى ئۆمەر قانات، بىرلىكنىڭ گوللاندىيە تەمسىلچىسى كامىل ئابباس، ئامېرىكا تەمسىلچىلىرى غۇلامىدىن پاختا، دولقۇنجان قەمبىرى، ئەنۋەر يۈسۈپ، قازاقىستاندىكى «دۆلەتلەر ئارا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى، مۇئاۋىن رەئىسى نۇرمۇھەممەت كەنجى قاتارلىقلار بار.





بۇ قېتىمقى يىغىندا ئاساسلىق، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىگە يۈرگۈزگەن ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىش سىياسەتلىرى مۇھاكىمە قىلىندى






سۈرەتتە: يىغىنغا قاتناشقان بەزى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى يىغىن ئەھلىگە ئۇيغۇرچە مۇزىكا ئورۇنلاپ بەردى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى جاۋزىياڭنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، خىتاي دىموكراتىك ھەركىتىنىڭ رەھبىرى يەنجياچىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشى، پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى. يەنجياچى بۇ قېتىمقى يىغىندا سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭمۇ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆۋلەتلىرىنى قۇرۇش ھوقۇقى بارلىقىنى بايان قىلدى.





سۈرەتتە: خىتاي دىموكراتىك ھەركىتىنىڭ رەھبىرى يەنجياچى يىغىندا سۆز قىلماقتا

www.uyghurkitap.com



يەنجاچى مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە خىتاي دۇنيادىكى بىر قۇدرەتلىك كۈچ بولۇش تاماسىدا تېز سۈرئەتتە ئىلگىرلىمەكتە، خىتايغا خوشنا ئەللەردىكى يېڭى كۈچلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغولىيەدە كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان مىللى مۇستەقىللىق ھەركەتلىرىنىڭ ئۈلغىيىشىغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ پارچىلىنىشى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالدى. ناۋادا، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتە ئومومى يۈزلۈك بىر مۇستەقىللىق ھەركىتى قوزغالسا، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكى ئىككى خىل يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولىدۇ؛ بىرىنچىدىن، بۇ مۇستەقىللىق ھەركەتلىرىنى قورال كۈچى ئارقىلىق باستۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش يولىنى تاللاش».

يەنجياچىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، كەلگۈسىدە خىتايدا قۇرۇلىدىغان فېدىرال سېستىمە دائىرىسىدە، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغولىيەگە جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھوقوقى بېرىلىدۇ ۋە بۇ جۇمھۇرىيەتلەر ئىچكى ئىشلاردا تامامەن مۇستەقىل بولىدۇ ۋە ئىختىسادى جەھەتتە تامامەن ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولىدۇ.




(سۈرەتتە: «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ باش كاتىۋى ئۆمەر قانات يىغىندا دوكلات بەرمەكتە، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە: ئامېرىكا كوڭگرەسى كىشىلىك - ھوقوق ۋەخپى رەئىسى دېۋىت فىلىپ ئەپەندى)



(ئۆمەر قانات، خىتاي دېموكراتىك ھەركىتىنىڭ رەھبىرى يەن جياچى بىلەن يىغىندىن كېيىن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى)

ھەممىدىن بەك كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىغىنى شۇ بولدىكى، يەن جياچى بۇ قېتىم يىغىندا سۆز قىلغاندا، باشتىن - ئاخىر «شەرقىي تۈركىستان» كەلىمىسىنى قوللاندى.

بۇ قېتىمقى يىغىن جەريانىدا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ باش كاتىۋى ئۆمەر قانات، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كۆچمىنى يەرلەشتۈرۈش سىياسىتى ھەققىدە مەخسۇس ئىلمى دوكلات بەردى.

# بىرلەشكەن دۆلەتلەردە ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، ياۋروپادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئېستونىيە ۋەكىللىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1991 ـ يىلى گوللاندىيەدە قۇرۇلغان «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» مۇ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش جەھەتلەردە پەۋقۇلاددە موھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. بۇ خەلقئارا تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن بولۇپ، ئەركىن ئالپتېكىننىڭ ئۇدا ئىككى نۆۋەت بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلىنىشى، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ پۈتۈن غەرب دۇنياسىدا ئومومى يۈزلۈك جانلىنىشىدا ئىنتايىن موھىم رول ئوينىدى.

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» غا ھازىر دۇنيادىكى 40 تىن ئارتۇق ئەسىر مىللەت ئەزا بولۇپ، بۇ تەشكىلات دۇنيادىكى 150 مىليوندىن ئارتۇق ئىنسانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تەشكىلاتنىڭ باش شتاۋى گوللاندىيەنىڭ لاھى شەھرىدە بولۇپ، تەشكىلاتنىڭ ۋاشىنگىتون، تارتۇ، كوستارىكا شەھەرلىرىدە مەخسۇس ۋەكىللىرى بار. بۇ تەشكىلات قۇرۇلغاندىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى باشتىن ـ ئاخىر موھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلمەكتە ۋە دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ تەسىر ـ دائىرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئاساسلىق رول ئويناپ كەلمەكتە.

1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە، گوللاندىيەنىڭ دەنھاگ شەھرىدە، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» نىڭ 4 ـ قېتىملىق چوڭ قۇرۇلتىيى داغدۇغۇلۇق ئېچىلدى، بۇ قېتىمقى يىغىنغا، بۇ تەشكىلاتقا ئەزا 41 مىللەت ۋە ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن سىرت يەنە، دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە كۈزەتكۈچىلىرى قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سايلامدا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن، پۈتۈن يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ بىردەك ئاۋاز قوشۇشى بىلەن يەنە بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە قايتا سايلاندى، گوللاندىيەلىك دوكتۇر مىخائىل ۋان. ۋۇلت بۇ تەشكىلاتنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاندى.



بۇ قېتىنقى يىغىنغا چوڭ بىر شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىگى قاتناشتى.

www.uyghurkitap.com





(سۈرەتتە: شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى گوللاندىيەدە خەلقئارا يىغىندا بىرگە)

ئەركىن ئالىپتېكىن باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە، قازاقىستاندىكى «دۆلەتلەر ئارا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى، مۇئاۋىن رەئىسى بازاكوۋ، قازاقىستاندىكى «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى دولقۇن ياسىن، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» باش كاتىپى ئۆمەر قانات، بىرلىكنىڭ گوللاندىيە ۋەكىلى كامىل ئابباس، «شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تۈركىيە شۆبىسىنىڭ باش كاتىپى پەرھات يۇرۇڭقاش، شۆبە رەھبەرلىك ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئۆمىت خەمىت، نىغمەت ئەبەيدۇللا قاتارلىقلار بار.



(سۈرەتتە: شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىدىن قەھرىمان غوجامبەردى، ئۆمەر قاناتلار، گوللاندىيەدىكى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» نىڭ ئىدارە ھەيئىتى يىغىنىدا)

بۇ قېتىمقى يىغىن جەريانىدا، يىغىن ۋەكىللىرىگە، ئىچىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان سىياسەتلەر، دىپلوماتىيە ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس كۇرۇسلار ئېچىلدى، كۇرۇسلاردا، گوللاندىيەنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پىراپېسور كوژمانس قاتارلىق كۆپلىگەن سىياسىيون ۋە دىپلوماتلار دەرس بەردى.

يىغىن جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىدىن قەھرىمان غوجامبەردى، ئۆمەر قاناتلار سۆز قىلىپ، يىغىن ۋەكىللىرىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى ھەمدە، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» دىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دەردلىرىنى

دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تېخىمۇ لايىغدا ئاڭلىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندا، پۈتۈن ۋەكىللەرنىڭ بىردەك ئاۋاز قوشۇشى بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىي بېسىملىرىنى تۈرگۈزۈش ھەققىدە موھىم قارار ئېلىندى.



(«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» نىڭ 4 - قېتىملىق چوڭ يىغىندا، يەنە بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە بىردەك سايلاندى)

يىغىن جەريانىدا يەنە، يىغىنغا قاتناشقان «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئىتىپاقى» ئەزالىرى، ئۈچ تەرەپ مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس مۇزاكىرە يىغىنلىرى ئۆتكۈزدى، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى تەنزىن تېتوڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان بۇ يىغىنلاردا، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئورتاق كۆرەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە مەخسۇس قارار ئېلىندى. «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ تىرىشچانلىق كۆرستىشى نەتىجىسىدە، ھازىر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى، «بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» نىڭ ئەڭ موھىم خىزمەت كۈنتەرتىۋىگە كىردى.



سۈرەتتە: «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ گوللاندىيەدىكى باش ۋەكىلى كامىل ئابباس، بىرلىك قۇرۇلغاندىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى گوللاندىيە خەلقىغە تونۇتۇش، شۇنداقلا، گوللاندىيەدىكى تۈرلۈك خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ئاڭلىتىش جەھەتلەردە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە ۋە باش شتاۋى گوللاندىيەدە بولغان «بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە، ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتىدىن پايدىلىنىپ، گوللاندىيە ۋە ھەر قايسى ياۋروپا ئەللىرىدە 30 قېتىمدىن ئارتۇق سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

www.uyghurkitap.com



## «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھرىدىكى بىرقىسىم ئەزالىرى ئۆزئارا سۆھبەتتە











ئىزاھات: ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە تەشكىلاتلار قارمىغىدىكى گېزىت، ژورنال قاتارلىق تەشۋىقات ئورگانلىرى ژورنىلىمىزدىكى ماقالە ۋە رەسىملەرنى مەنبە سۆپىتىدە پايدىلانسا بولىدۇ، ئەمما «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ناملىق رەسىملىك ژورنالدىن ئېلىنغانلىقى جەزمەن ئەسكەرتىلىشى شەرت.

ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر ھەيئىتى بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئىستىگەنلەر بۇ ئادرىس بىلەن خەۋەرلەشسە بولىدۇ:

M. Omer Kanat
Englschalkinger Str. 222
81927 München
Germany
Tel - Fax: 49/89/9306685



«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» پۇتبول كوماندىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى.

www.uyghurkitap.com

